# يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلايلى

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم مۇھىم، زور خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى قىلىندى.

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، بۇ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىش باسقۇچى بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مۇھىتنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشى بىر قاتار يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچى، مۇھىتى، شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك سىستېمىلىق، چوڭقۇر قاتلاملىق ئۆزگىرىش، مەۋقە ھازىرغا قويۇلۇپ، كەلگۈسى كۆزلەنگەن ئىستراتېگىيەلىك پىلان. بىز يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرىنى پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە ئىستراتېگىيە يۇكسەكلىكىدە دەل جايىدا ئىگىلىشىمىز كېرەك.

نېگىزىدىن ئېيتقاندا، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى دۆلىتىمىز تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ يېڭى تەلپىگە ئۇيغۇنلىشىش، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەت يېڭى ئەۋزەللىكى يارىتىشتىكى مۇقەررەر تاللاش. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگىلىگەنلىك، تەرەققىياتتا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەشتىكى ھەل قىلغۇچ قەدەم بولۇپ، چوڭقۇر ئەمەلىيەت ئاساسىغا ئىگە. ئىلگىرى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى چوڭقۇر تەرەققىي قىلىۋاتقان تاشقى مۇھىتتا، بازار ۋە بايلىقتىن ئىبارەت «ئىككى باش سىرتتا بولۇش» دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى تېز ئۆستۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ھازىر، يەر شارىۋى بازار تارىيىۋاتقان تاشقى مۇھىتتا، بىز جەزمەن دۆلەت ئىچىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، بىز نۇرغۇن تاشقى خەۋپ - خەتەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق، ئەڭ ئاخىرىدا خەۋپ - خەتەرنى بىخەتەرلىككە ئايلاندۇرۇشتا، ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، تەرەققىياتتا مەۋقەنى دۆلەت ئىچىگە قويۇشقا تاياندۇق. دۆلىتىمىزدە 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇس بار، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 10 مىڭ دوللاردىن ئاشتى، پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىستېمال بازىرى بولۇپ، غايەت زور ئېشىش بوشلۇقىغا ئىگە. 2008 - يىلىدىكى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىقتىسادى دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشقا قاراپ ئۆزگەردى. كەلگۈسى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىز ئىچكى بازىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلىدۇ. ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش كۆرۈپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللانساقلا، بىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، يېڭى رىقابەت ئەۋزەللىكى يارىتىشقا تامامەن شارائىتىمىز بار.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى ھەرگىزمۇ بېكىنمە دۆلەت ئىچى ئايلىنىشى بولماستىن، بەلكى ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش.» دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئورنى سىجىل ئۆسىدۇ، دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ، باشقا دۆلەتلەرنى تەمىنلەيدىغان بازار پۇرسىتى تېخىمۇ كېڭىيىپ، خەلقئارا تاۋار ۋە مۇھىم ئامىللار بايلىقىنى جەلپ قىلىدىغان غايەت زور تارتىش كۈچى مەيدانىغا ئايلىنىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا، دەل ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى بازىرى بىلەن خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش بىلەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي تونۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ چوڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ كەڭ ساھەلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش كېرەك. يەنە شۇنى تونۇپ يېتىش كېرەككى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازار ئاساسىدىكى دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش بولۇپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كىچىك ئايلىنىشى ئەمەس، ھەرقايسى جايلار ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ۋە دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشتىكى ئورنى ۋە سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى توغرا تېپىشى كېرەك، شارائىتى بار رايونلار پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ئۈنۈملۈك يول ئۈستىدە باشلامچىلىق بىلەن ئىزدىنىپ، يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرسا بولىدۇ.

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش بىر سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ھەم ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش، ھەم خىزمەتنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى ئىگىلەش كېرەك. مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز يېتىشتۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەمىنلەش ئارقىلىق يېڭى ئېھتىياجنى يېتەكلەش ۋە يارىتىش كېرەك. پەن - تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى تېزلىتىپ، دۇنيا پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۈزلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىپ، پەن - تېخنىكا كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۈچەش نۇقتىسىنى ئەمەلىي ئىقتىسادقا قويۇپ، كەسىپ ئاساسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىشىشى، كەسىپ زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. بىخەتەر تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ تۆۋەن چەكنى چىڭ ساقلاپ، بىخەتەر تەرەققىياتنى دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ۋە پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا، خۇشال - خۇرام ئىشلىشىگە، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، تەرتىپلىك بولۇشىغا، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات، ئۆزگىرىش مەۋجۇت. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ، كرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىسەكلا، بىز جەزمەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتا ئىشنى ياخشى باشلىيالايمىز، قەدەمنى ياخشى ئالالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 - بەتتە)

«تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قىسمەن رايونلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتتىق جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك. كوناشەھەر ناھىيەسى، ئاقتۇ ناھىيەسىدە يۇقۇمنى تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇسبەت چىققانلارنى پۈتۈن جەريانلىق يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆپ پەنگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش، داۋالاشنى بىرخىللاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاغرىقلارنىڭ ساقىيىش نىسبىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، قىسمەن رايونلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتتىق جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق كۆزىتىپ ئۆلچەش، سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئورۇن، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، پورتلاردا سەھىيە كارانتىن قىلىش، سوغۇق زەنجىر - سىمان توشۇلىدىغان يېمەكلىكلەرنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋە ئەشيا ئوبوروتى ھالقىلىرىدا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تاقابىل تۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى ۋە تەربىيەلەش، مەشقلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ مۇھىتىنى تازىلاشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ياخشى ئىلمىي مۇداپىئە كۆرۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىش كېرەك. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات شەكلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زوراپتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىپ، مەبلەغ سېلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ۋە باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىپ، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش تۈزۈمى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇشقا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىپ، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەھىيە - ساغلاملىق كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئاممىا خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئىستىلنى ياخشىلاپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، راست گەپ قىلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈش داۋامىدا مەسىلىلەرنى بايقاپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جاسارىتى، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەقىل - پاراسىتى، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# ئېلېكتر توردا سېتىلغان توك مىقدارىنىڭ 30%كە يېقىنى يېڭى ئېنېرگىيەدىن كەلگەن

### رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى ئېنېرگىيەنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى. 2016 - يىلى، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى 73 مىليارد 493 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئېنېرگىيەنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 17.03% بولدى؛ 2019 - يىلى، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى 120 مىليارد 906 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئېنېرگىيەنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى تەخمىنەن 29.10%كە ئۆرلىدى. بۇ، شىنجاڭ ئېلېكتر توردا سېتىلغان ھەر ئۈچ كىلوۋات سائەت توك مىقدارى ئىچىدە بىر كىلوۋات سائەتكە يېقىنىنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەلىك توك مىقدارى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەدىن توك چىقىرىش گېنېراتورلار سىغىمى 2016 - يىلدىكى 26 مىليون 681 مىڭ كىلوۋاتتىن بۇ يىل 9 - ئايدىكى 30 مىليون 330 مىڭ كىلوۋاتقا ئۆرلەپ، 13.92% ئاشقان. 9 - ئايغا قەدەر، شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەلىك گېنېراتورلار سىغىمى ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمىنىڭ 31.52%نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان.




□制图/新疆日报视觉中心 张永

شىنجاڭنىڭ ئۆز جايىدا ئىشلىتىلگەن يېڭى ئېنېرگىيە كۆلىمى تېز سۈرئەتتە ئاشتى، بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ «ئىچكى قىسمىنى تەمىنلەيدىغان تۆت ھالقا تور، سىرتقا يەتكۈزىدىغان تۆت يول»نىڭ قۇرۇپ چىقىلغانلىقىدا. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى قەدىمى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىلىپ، جەمئىي 94 مىليارد 200 مىليون يۈەن سېلىنما تاماملاندى، بۇ «11 - بەش يىل» ۋە «12 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 1.3 ھەسسىسىگە تەڭ بولۇپ، 180 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق جەمئىيەت سېلىنمىسىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ GDP سىنىڭ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2%لىك سۈرئەتتە ئېشىشىنى كۈچلۈك تىرەككە ئىگە قىلدى.

شىنجاڭ ئىچىدىكى ئېلېكتر تورىنى ئومۇميۈزلۈك تۇتاشتۇرۇش ئاساسىدا، شىنجاڭ ئېلېكتر تورى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تورلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، توك بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. نۆۋەتتە، 750 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتر تورى پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارنى قاپلىدى، نۇقتىلىق شەھەرلەردە 220 كىلوۋولتلۇق ئايلانما تور قۇرۇلمىسى شەكىللەندى، بارلىق سانائەت باغچە رايونلىرىنى 110 كىلوۋولتلۇق ھەمدە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئېلېكتر تورى ئارقىلىق توك بىلەن تەمىنلەش ئىشقا ئاشتى. يولنىڭ قۇرۇلۇشى يېڭى ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى، يېڭى ئېنېرگىيەنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتى سودا بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس مەسئۇلى جاڭ جۈن مۇنداق دېدى: يول قۇرۇشتىن باشقا، شىنجاڭ ئېلېكتر تورى يەنە مەۋقەنى شىنجاڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازىرىغا قويۇپ، يېڭى ئېنېرگىيەنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز جايىدا ئىشلىتىش بىلەن ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى سىرتقا يەتكۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بازارلاشتۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ يېڭى ئېنېرگىيەنى ئىشلەتتى.

مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىل شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە ئارقىلىق توك تارقىتىش مىقدارى 60 مىليارد كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزۈلۈپ، 2019 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن 6 مىليارد كىلوۋات سائەت كۆپەيتىلىدىكەن. مۇشۇ بويىچە مۆلچەرى ھېسابلىغاندا، پۈتۈن بىر يىلدا 24 مىليون 240 مىڭ تونىنا ئۆلچەملىك كۆمۈرنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، 63 مىليون 500 مىڭ تونىنا كاربون (Ⅳ) ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئازايتقىلى بولىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)